# 14525 - مۇئمىنلەر جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرەمدۇ ؟

## سوئال

مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغانمۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ . ئاللاھ بۇدۇنيادا مۇئمىنلەرگە زىيادە نېئمەتلەرنى خاس قىلدى . يەنى ، ئۇ ئۇلارغا ئىسلامنى نېئمەت قىلىپ بەردى ، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن يېتەكلىنىشكە تاللىدى ھەمدە ئۇلارغا جەننەتتە ئۇلارغىلا بېرىلىدىغان كاتتا نېئمەتلەرنى خاس قىلدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، ئەدىن جەننىتىدە ئاللاھنىڭ مۇقەددەس يۈزىگە قاراش شەرىپى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىش .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« ئۇ كۈندە يۈزلەر نۇرلۇق بولىدۇ . پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ .»** [ قىيامەت : 22-23 ]

يەنى ، مۇئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قاراش بىلەن گۈزەللىشىدۇ ،پارقىرايدۇ ، خۇشال بولىدۇ .

ھەسەن( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن ) مۇنداق دىگەن : " پەرۋەردىگارىغا قارايدۇ-دە ، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلىنىدۇ ."

ئىبنۇ ئەبباس مۇنداق دىگەن : " **«ئۇ كۈندە بەزى يۈزلەر نۇرلىنىدۇ .»** يەنى ، نېئمەتلەردىن نۇرلىنىدۇ . **« پەرۋەردىگارىغا قارايدۇ .»** يەنى ، پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قارايدۇ . ھەمدە بۇ بولسا سۈننەت ۋە ھەدىس ئالىملىرىدىن بولغان تەفسىرشۇناسلارنىڭ سۆزى .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« جەننەتتە ئۇلارغا خالىغان نەرسىلەر بار ۋە بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېئمەت) بار.»** [ قاف : 35 ]

بۇ يەردىكى زىيادە نېئمەت : ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراش . بۇنى ئەلىي ، ۋە ئەنەس بىن مالىك شۇنداق تەپسىر قىلغان .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« بەلەن قىلغۇچىلارغا ياخشى نەرسە ۋە زىيادىسى بار . »** [ يۇنۇس : 26 ]

ياخشى نەرسە – جەننەت ، زىيادىسى بولسا ھۆرمەتلىك ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراش . بۇنى ئاللاھ ئەلچىسى( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) شۇنداق تەپسىر قىلغان . مۇسلىم سەھىھىدە(266) سۇھەيبتىن نەقىل قىلدىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : «

جەننەت كىشىلىرى جەننەتكە كىرگەندە ، ئاللاھ دەيدۇ : « **يەنە بىر نەرسىنى خالىساڭلار ، زىيادە قىلىپ بېرىمەن .** » ئۇلار : " يۈزلىرىمىزنى يورۇق قىلمىدىڭمۇ ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ ؟ ئوتتىن قۇتقازمىدىڭمۇ ؟ " دەيدۇ . ئاندىن پەردە كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا پەرۋەردىگارىغا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈك بىر نەرسە بېرىلمىگەن . ئەنە شۇ زىيادە مۇشۇ . ئاندىن بۇ ئايەتنى : « **بەلەن قىلغۇچىلارغا ياخشى نەرسە ۋە زىيادىسى بار .** » تىلاۋەت قىلدى . شۇڭا ، جەننەت كىشىلىرىگە ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىنىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ بەكراق ئۇلارغا ياقىدىغان نەرسىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە ، ئاللاھ مۇنۇ سۆزى: « **ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ .** » [ مۇتەففىفىين( كەم بەرگۈچىلەر) : 15 ] بىلەن ئاگاھلاندۇرغان گۇناھكارلارنى كۈتىۋاتقان زىيان ۋە مەھرۇملۇقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى سىزگە ئايدىڭ بولىدۇ . ئاللاھتىن ئامان-ئىسەنلىكنى سورايمىز .

شافىئىيىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان رەبىيئې بىن سۇلەيماننىڭ شافىئىيدىن نەقىل قىلغان سۆزلەر نىمىدىگەن گۈزەل-ھە ! ئۇ مۇنداق دىگەن : " مەن مۇھەممەد بىن ئىدرىيس شافىئىيىنىڭ قېشىدا ئىدىم . ئۇ ئۇستۈنكى مىسىردىن بىر خەت تاپشۇرۋالدى . ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلگەنىدى : " « **ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ .** » دىگەن ئايەت ھەققىدە نىمە دەيسەن ؟ " شافىئىي مۇنداق دىدى : " چۈنكى بۇلار غەزەپ ئىچىگە پەردىلىنىدۇ . بۇ بولسا ئاللاھنىڭ يېقىنلىرىنىڭ( ئەۋلىيالىرى) ئۇنى رازىلىق ئىچىدە كۆرىدىغانلىقىغا دەلىل . "

بۇ بولسا مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتتە پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئاندىكى دەلىللەرنىڭ بىر قىسمى .

ئەمما سۈننەت دەلىللىرىگە كەلسەك ، ئۇلار ناھايىتى جىق . مەسىلەن :

1- بۇخارىي (6088) ، مۇسلىم ( 267) نەقىل قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ ھەدىيسىدە ، كىشىلەر : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، بىز قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرەمىزمۇ ؟ " دىدى . ئاللاھ ئەلچىسى : « **سىلەر تولۇن ئاي كېچىسى ئاينى كۆرۈشتىن شەكلىنەمسىلەر ؟** » دىدى . ئۇلار : " ياق ! ئى ئاللاھ ئەلچىسى . " دىدى . ئۇ : « **سىلەر ھېچقانداق بۇلۇت يوق چاغدا ، قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكلىنەمسىلەر ؟** » دىدى . ئۇلار : " ياق ! " دىدى . ئۇ : « **سىلەر ئۇنى ئاشۇنداق كۆرىسىلەر .** » دىدى . يەنە بىر نەقىلدە : «**سىلەر ئۇنى كۆرۈش توغرىسىدا ھېچقانداق شەكلەنمەيسىلەر ياكى تالاشمايسىلەر . ھەمدە ئۇنى كۆرۈش سىلەرگە ھېچقانداق مۇشەققەت ياكى ھارغىنلىق كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ . ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .** » دىيىلىدۇ . مۇسلىمنىڭ شەرھىيسىدىن يىغىنچاقلاپ ئېلىندى .

2- ئىككى سەھىيھتە (بۇخارىي (6883 )،مۇسلىم (1002 )) نەقىل قىلىندىكى ، جەرىير بىن ئابدۇللاھ بەجەلىي مۇنداق دىگەن : " بىز پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) يېنىدا ئولتۇراتتۇق . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون تۆتىنچى كېچىدىكى ئايغا قارىدى-دە ئاندىن : « **سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى بۇ ئاينى كۆرگىنىڭلاردەك ، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈسىلەر . ئۇنى كۆرۈۋاتقىنىڭلارغا شەكلەنمەيسىلەر .** » دىدى .

3- بۇخاريي( 4500) ، مۇسلىم( 6890) ئەبۇ مۇسادىن نەقىل قىلدىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)مۇنداق دېگەن : **« ئىككى كۈمۈش باغ ، ئۇنىڭ قاچا-قۇچىلىرى ھەم بارلىق نەرسىلىرىمۇ ھەم . ئىككى ئالتۇن باغ ، ئۇنىڭ قاچا-قۇچىلىرى ھەم بارلىق نەرسىلىرىمۇ ھەم . ھەمدە كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈش ئوتتۇرىسدا ئەدىن جەننىتىدە ئۇنىڭ يۈزىنى يۇشۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش پەردىسىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ . »**

ئاللاھنى كۆرۈش توغرىسىدىكى ھەدىيسلەر ئوتتۇزغا يېقىن ساھابە تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان . ئۇلارنى ئۆگەنگەن كىشى ، پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنى دىگەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ .

شۇڭلاشقا ، مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرەت كۈنى ھېچكىم ئاللاھنى كۆرمەيدۇ دەپ بىلجىرلىسا ئۇ قۇرئاننى ، ھەمدە ئاللاھ ئەلچىلىرى بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدە كەلگەن قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ : **« ئۇنداق ئەمەس ، جەزمەنكى ئۇلار ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىدۇ .»** [ مۇتەففىفىين( كەم بەرگۈچىلەر) : 15 ]

ئاللاھتىن ئامان-ئىسەنلىكنى سورايمىز ، ئۇنىڭدىن بىزگە مۇقەددەس يۈزىگە قاراشقا نىسىپ قىلىشنى سورايمىز ... ئامىين !

[ تەھاۋىييە ئەقىدىسىنىڭ شەرھىسى ، 1209 ۋە ئۇنىڭ كەينى . پېشۋا ھافىز ھەكەمىينىڭ**« ئەئىلام سۇننەتۇل مەنشۇرە »**141ب غا قاراڭ . ]